# مېھىر ـ مۇھەببەت

گەرچە ئىنسانلارنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ تىللىرى بىلەن سۆزلىيەلىسەممۇ، لېكىن مېھىر ـ مۇھەببىتىم بولمىسا، سۆزلىرىم ئاۋاز چىقىرىدىغان داقا ـ دۇمباق ياكى چېلىنغان بىر قوڭغۇراق بولۇپ قالىدۇ. گەرچە خۇدانىڭ ۋەھىسىنى يەتكۈزۈش قابىلىيىتىم بولسىمۇ، دۇنيانىڭ پۈتۈن سىرلىرىنى بىلسەممۇ، خۇدا توغرىسىدا ھەر خىل بىلىملەرگە ئىگە بولساممۇ ۋە تاغلارنى ئورنىدىن قوزغىۋېتەلىگۈدەك كامىل ئېتىقادىم بولسىمۇ، لېكىن مېھىر ـ مۇھەببىتىم بولمىسا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ قالىمەن. گەرچە پۈتۈن مېلىمنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتسەممۇ، ھەتتا جېنىمنى قۇربان قىلىپ، تېنىمنى ئوتتا كۆيدۈرۈشكە رازى بولساممۇ، لېكىن مېھىر ـ مۇھەببىتىم بولمىسا، ئۇنىڭ ھېچ پايدىسى يوقتۇر.

مۇھەببەت ـ سەۋرچانلىق، مېھرىبانلىقتۇر. ئۇنىڭدا ھەسەتخورلۇق، ماختانچاقلىق، تەكەببۇرلۇق بولمايدۇ، مېھىر ـ مۇھەببەتتە ئەدەپسىزلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئاسان ئاچچىقلىنىش، باشقىلارنىڭ يامانلىقىنى كۆڭلىدە ساقلاش بولمايدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت ئادالەتسىزلىكتىن يىرگىنىدۇ، ئۇ ھەقىقەت ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ھەممىدە ئىشەنچىنى ساقلىيالايدۇ، ھەممىدە ئۈمىدۋاردۇر ۋە ھەممىدە چىداملىقتۇر. مېھىر ـ مۇھەببەت مەڭگۈلۈكتۇر. لېكىن، خۇدانىڭ ۋەھىسىنى يەتكۈزۈش قابىلىيىتى

بولسا چەكلىكتۇر. مۇقەددەس روھنىڭ كۈچى بىلەن چۈشەنگىلى بولمايدىغان تىلدا سۆزلەش ئاخىرى توختايدۇ، بىلىممۇ ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى، بىلىملىرىمىز چەكلىكتۇر. شۇنداقلا، خۇدانىڭ ۋەھىيسىنى يەتكۈزۈش قابىلىيىتىمىزمۇ چەكلىكتۇر. بۇ دۇنيا ئاخىرلاشقاندا، بۇ چەكلىك قابىلىيەتلەر يوقىلىدۇ. بالىلىق ۋاقتىمدا بالىلارچە سۆزلەيتتىم، بالىلارچە ئويلايتتىم، بالىلارچە مۇھاكىمە قىلاتتىم. چوڭ بولغىنىمدا بالىلارچە بۇ قىلىقلىرىمنى تاشلىدىم. ھازىر بىز ھەممە نەرسىنى سۇس ئەينەكتە كۆرگەندەك كۆرۈۋاتىمىز. لېكىن، كەلگۈسىدە يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئېنىق كۆرىمىز. ھازىر مېنىڭ خۇدا توغرىسىدا بىلىدىغىنىم چەكلىكتۇر، ئۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە خۇدا مېنى تولۇق بىلگەندەك مەنمۇ ھەممىنى تولۇق بىلىمەن. مانا بۇ دۇنيادا ئېتىقاد، ئۈمىد ۋە مېھىر-مۇھەببەت مەۋجۇتتۇر. لېكىن، بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغىنى مېھىر-مۇھەببەتتۇر.